# ئاقسۇ گېزىتى

阿克苏报

1991 - يىلى 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى (پەيشەنبە) 3901 - سان

بىرلىككە كەلگەن نومۇرى GN65-0024 /Z پوچتا ۋەكالەت نومۇرى 36-57

«ئاقسۇ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى


ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ناھىيە دەرىجىلىك پارتىيىلىك كادىرلار يىغىنىنى چاقىرىپ،

## ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى

6 - ئاپرېل، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيىلىك كادىرلار يىغىنىنى چاقىرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك دوكلات، ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل يەتكۈزۈپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىن دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، پۈتۈن ۋىلايەت دائىرىسىدە ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش، ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش دولقۇنىنى قوزغىتىشنى تەلەپ قىلدى.

يىغىنغا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى كاڭ كېجيەن، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، باش كاتىپ شياۋزىيى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى جۈمىن، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى لىن زېڭ قاتارلار قاتناشتى.

ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى كاڭ كېجيەن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا سۈڭ خەنلياڭنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋەكالىتەن بەرگەن خىزمەت دوكلاتى؛ ۋاڭ ئېنماۋ، لۇفېڭ، تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلارنىڭ مۇھىم سۆزلىرى يەتكۈزۈلدى. كاڭ كېجيەن مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى يىغىندا شەرەپلىك ھەم مۇشكۇل ۋەزىپىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداش ئۈچۈن، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۇرۇپ، ئون يىللىق ئومۇمىي پىلاننى شەرتسىز يولغا قويۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ 2 - باسقۇچلۇق ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز لازىم. ئۇ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل يەتكۈزۈپ، ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، قۇرۇلتاي روھىنى تۈرلۈك خىزمەتلەرگىچە ئىزچىللاشتۇرۇپ، قوزغاشقا بولىدىغان بارلىق ئاكتىپچانلىقنى تولۇق قوزغاپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئىرىشىپ يارىتىشنى تەلەپ قىلدى.

(شيا مېڭ)

## جياڭ زېمىن، سىخانۇك ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى بىلەن كۆرۈشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاپرېل خەۋىرى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى جياڭ زېمىن بۈگۈن كەچتە دياۋيۈتەي دۆلەت مېھمانخانىسىدا كامبودژا رەئىسى سىخانۇك ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى مەلىكە مونىك بىلەن سەمىمىي كۆرۈشتى.

كۆرۈشۈشتىن كېيىن، جياڭ زېمىن ئۇلارنى زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى.

دۆلەت كومىسسارى، دىپلوماتىيە مىنىستىرى چيەن چىچېن ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى، كامبودژىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جياڭ ئېيۇليەڭ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە ۋە زىياپەتكە قاتناشتى.

ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرىكى مۇلازىمەتنى كۈچەيتىپ، ئوبوروتنى تېزلەتكەنلىكتىن،


## ئاقسۇ شەھەرلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى 1 - پەسىلدە يىللىق ۋەزىپىنىڭ يېرىمىنى ئورۇنداپ بولدى

ئۆز مۇخبىرىمىز توختى ئەرشىدىن خەۋەر قىلىدۇ: ئاقسۇ شەھەرلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرىكى مۇلازىمەتنى كۈچەيتىپ، ئوبوروت قىلىشنى تېزلەتكەنلىكتىن، 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر 6 مىليون بىر مىڭ يۈەن ئوبوروت قىلىپ، يىللىق سېتىپ چىقىرىش پىلانىنىڭ يېرىمىنى ئورۇنداپ بولدى.

بۇ شىركەت يىل بېشىدىن باشلاپلا دېھقانلار ئېھتىياجلىق بولغان ماللارنى ئويلاپ، دېھقانلار ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، مال مەنبەسىنى ئوبدان تەشكىللەپ، ئەتىيازلىق دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇق قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى پىلان بويىچە تېز يۆتكەپ كېلىپ، تېز سېتىپ چىقىرىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى. 4 - ئاي كىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، دېھقانلارنى 480 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 3022 توننا ئورېيا، 1750 توننا ئارىلاشما ئوغۇت، 727 توننا فوسفورلۇق ئوغۇت، 380 توننا كالىيلىق ئوغۇت بىلەن تەمىنلەپ، كېيۈز تېرىلغۇسىنىڭ دەل ۋاقتىدا باشلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. قالايمىقان باغاقچە ئەستىقلاش، تونۇش - بىلىشلەرنىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلىپ ئوغۇتلارنى خالىغانچە تارقىتىشتەك ناتوغرا ئىشلارنى قەتئىي چەكلەپ، يۇقىرىدىن يۆتكەپ ئەكەلگەن ئوغۇتلارنى «بەشتە بىر تۇتاش بولۇش» پرىنسىپى بويىچە دېھقانلارنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بەردى.

بۇ شىركەت يەنە، تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇقتىلىق كەسپىي ئائىلىلەرنى ئوغۇت بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى. مەسىلەن: «مەملىكەتلىك پاختا پادىشاھى» دېگەن نام ئالغان ۋاڭ گۈگۈزىنى 140 توننا ھەر خىل ئوغۇت بىلەن تەمىنلەش قارار قىلىنغان بولۇپ، ھازىرغىچە 50 توننا ئوغۇتنى ئۇنىڭ قولىغا تەككۈزدى.

بۇ شىركەت ئۆۋەتتە 2 - پەسىللىك مۇلازىمەت پىلانىنى پۇختا تۈزۈپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدە كۆپ كۆرۈلىدىغان كۆك پىت، يەر يولۋىسى قاتارلىق زىيانداش ھاشارەتلەر ۋە ئوت - چۆپ يوقىتىشتا ئىشلىتىدىغان دېھقانچىلىق دورىسىدىن 19 توننا زاپاس تەييارلاپ، 500 دانە دورا چېچىش ماشىنىسىنى يېقىندىن يۆتكەپ كەلدى.



يېزا ئىگىلىك 1 - دىۋىزىيىنىڭ 7 - تۈەنى ھازىرقى پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، 38 مىڭ مو ئۆزۈن تالالىق كېۋەز تېرىشنى جىددىي ئېلىپ بارماقتا.

گوخۇا فوتوسى

## خەۋپسىزلىك كېڭىشى 688 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللىدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بىيې... خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ بۇ جىمك، 5 - ئاپرېل خەۋىرى... دەرىكتى زور بىر تۈركۈم ئەت خەۋپسىزلىك كېڭىشى بۈگۈن راقلىق كوردلار ۋە شىئە مەز... 10 ئاۋازنىڭ قوشۇلۇشى، ئۈچ ھىببىدىكى مۇسۇلمانلار قوش... ئاۋازنىڭ قارشى تۇرۇشى، ئىككى... نا دۆلەتكە قاچقاندىن كېيىن

## ئاقسۇ شەھەرلىك مېھمانخانا قارمىقىدىكى يۈيۈش، بوياش مۇلازىمەت ئورنى، ئالتە يىلدا يۇقىرىغا 72 مىڭ

## قاراتال يېزىسى خىزمەتتىن ئايرىلغان قىسمەن پېشقەدەم ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا مۇقىم پېنسىيە پۇلى بېرىشنى يولغا قويدى

